## 106566 ـ ئېھراملىق كىشى كۆنلۈك ئىشلەتسە توغرا بولامدۇ؟

### سۇئال

ئېھراملىق كىشى كۆنلۈك ئىشلەتسە قانداق بولىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

كۆن نۇرىدىن ۋە ئىسسىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۆنلۈك كۆتۈرۈۋالسا توغرا بولىدۇ. بۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئېھرامدا ئەرلەرنىڭ  بېشىنى ئورىۋېلىشتىن چەكلىگەنلىكى توغرىسىدىكى چەكلىمىنىڭ دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى بۇ بېشىنى ئوراش ئەمەس، بەلكى كۆن نۇرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۆنلۈك ئىشلىتىشتۇر. ئىمام مۇسلىم بايان قىلغان سەھىھ ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇسامە ئىبنى زەيد ۋە بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىرگە بولغان بولۇپ، ئىككىسىنىڭ بىرى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسىنى يېتىلىۋالغان بولۇپ، يەنە بىرى كىيىمىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ چوڭ شەيتانغا تاش ئېتىپ بولغانغا قەدەر پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى كۈن نۇرىدىن سايە قىلىپ توسقان. يەنە بىر رىۋايەتتە: كىيىمنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىنىڭ ئۈستىگە سايە قىلىپ كۈن نۇرىدىن توسقان دەپ كەلتۈرگەن.

بۇ ھەدىس پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئېھرامدىن چىقىشتىن بۇرۇن ئېھراملىق ھالەتتە كىيىم بىلەن سايە قىلىنىپ كۈن نۇرىدىن سايىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ["ئىبنى ئۇسەيمىن پەتىۋالار مەجمۇئەسى" 22-توم 147-148-بەت].